

ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش

# «كەنت ئاھالىلىرىگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش مېنىڭ ئەڭ زور شان ـ شەرىپىم»

## — جىمىسار ناھىيەلىك مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ما چاۋبىن توغرىسىدا

**ئامموۋى خىزمەت ماھىرى**

■ ھېسسىيات ئارىلىشىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ، شۇنداقلا چىن كۆڭۈلدىن ئالماشتۇرۇشتىن كېلىدۇ. كەنت ئاھالىلىرى بىلەن ئورناتقان ھېسسىيات مېنىڭ كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىمدىكى ئەڭ زور ھاسىلاتىم، كەنت ئاھالىلىرىگە ئاز ـ تولا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش مېنىڭ ئەڭ زور شان ـ شەرىپىم.

■ پەقەت ھەقىقىي تۈردە كىبىرنى تاشلاپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقىنىدەك كۆرۈپ، كەنتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز زىممىسىدىكى ئىش دەپ بىلىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلىگەندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

□مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز گۇ يۆتيەن

«ما شۇجى، چۈشتە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ.» «مەنمۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە باراي دەپ تۇرغانىدىم»...

5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئائىلە زىيارىتى قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇۋاتقان ما چاۋبىن كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىشىغىلا كەنت ئاھالىسى ۋاڭ شۇبىڭدىن تېلېفون كەلدى.

«‹جىمغۇر› ۋاڭ شۇبىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ، يەنىلا ما شۇجىنىڭ ئامالى بار ئىكەن!» ئۇلارنىڭ سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىغان كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يۈ لىبى ما چاۋبىنغا قاراپ باش بارمىقىنى چىقاردى.

بۇ يىل 61 ياشقا كىرگەن ما چاۋبىن جىمىسار ناھىيەلىك مائارىپ ۋە پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ ئەرگۈك بازىرى لىيۇخۇدى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، كەنتتە تۇرۇشتىن ئىلگىرى جىمىسار ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغانلىقتىن، كەنت ئاھالىلىرى ئۇنى «ما شۇجى» دەپ چاقىراتتى.

### ■ چىن قەلب بىلەن چىن ھېسسىياتقا ئېرىشىش

چۈش بولغاندا، ما چاۋبىن دېيىشىپ قويغىنى بويىچە ۋاڭ شۇبىڭنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇ ۋاڭ شۇبىڭنىڭ كۈندە مىنىۋالىدىغان ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتنى ھويلا ئىچىگە ھەيدەپ ئەكىرىپ قويماقچى بولدى، لېكىن توك مەنبە ئۈزگۈچىنى بىر نەچچە قېتىم باسقان بولسىمۇ، ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتتا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى.

«ما شۇجى، ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتىمنىڭ دېيەنپىڭى بۇزۇلۇپ قاپتۇ، كاردىڭىز بولمىسۇن» دېدى ئىشىك ئالدىغا كۈتۈۋېلىشقا چىققان ۋاڭ شۇبىڭ. «بۇ قانداق بولغىنى، ئۈچ چاقلىق توكسىكلىت سىزنىڭ ‹پۇتىڭىز› تۇرسا، مەن ھازىرلا بېرىپ سىزگە يېڭى دېيەنپىڭ سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بېرەي» ما چاۋبىن شۇنداق دېگىنىچە ئارقىغا بۇرۇلۇپلا كەنتتىكى رېمونتخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

ما چاۋبىننىڭ مۇشۇنداق كۆيۈنۈشى ۋە غەمخورلۇقى ۋاڭ شۇبىڭنىڭ قەلب ئىشىكىنى ئېچىپ، ئۇنى باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان، تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىشلارغا دادىل يۈزلىنىدىغان قىلغانىدى.

ئالتە يىل ئىلگىرى، ۋاڭ شۇبىڭ تاسادىپىي ھادىسىدە ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىپ قالدى، بىر مەھەل ئۇ بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالماي، جىمغۇرلىشىپ، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ما چاۋبىن لىيۇخۇدى كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ شۇبىڭنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەددىنى قايتا رۇسلىشىغا ياردەم بېرىشكە بەل باغلىدى.

1 ـ قېتىملىق ئائىلە زىيارىتىدىن باشلاپ، ما چاۋبىن نەچچە كۈندە بىر قېتىم ۋاڭ شۇبىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بىرەر ئىش بولسا ياردەملەشتى، بوش ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. بارا ـ بارا، ۋاڭ شۇبىڭ ئۆزىدىن ئون ياش چوڭ بۇ ئاكىسىنى ئېتىراپ قىلدى.

«ھېسسىيات ئارىلىشىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ، شۇنداقلا چىن كۆڭۈلدىن ئالماشتۇرۇشتىن كېلىدۇ. كەنت ئاھالىلىرى بىلەن ئورناتقان ھېسسىيات مېنىڭ كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىمدىكى ئەڭ زور ھاسىلاتىم، كەنت ئاھالىلىرىگە ئاز ـ تولا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش مېنىڭ ئەڭ زور شان ـ شەرىپىم.» بۇ ما چاۋبىن دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر جۈملە سۆز.

### ■ جان ـ دىل بىلەن كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

2014 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىدى، ما چاۋبىن تۇنجى تۈركۈمدىكى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولدى. بەش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئەترەت ئەزالىرى قايتا ـ قايتا ئالماشتى، ما چاۋبىننىڭ كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىمۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئەرگۈك بازىرىدا تۆت كەنتكە يۆتكەلدى، بىراق ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەسلىي مەقسىتى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمىدى.

ھەر قېتىم تەتىلدە قايتىپ كەلگەندە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋاڭ شۆ خىزمەت ئەترىتى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ ما چاۋبىننى يوقلاپ تۇراتتى، چۈنكى ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ قىزنىڭ داشۆدە ئوقۇش خىراجىتىنى «ما شۇجى»نىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن كارخانا ئىزچىل ياردەم قىلىپ كەلگەنىدى.

تۆت يىل ئىلگىرىكى ئوت ئاپىتى كۆرۈنۈشى تۇگۈگۈك كوچىسى شىسۇن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ۋۇ جيەنجۈننىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ. ئۇ كۈنى، ئۇنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز ئوت كەتكەندە، ما چاۋبىن خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرىنى باشلاپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى. كېيىن، «ما شۇجى» يەنە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭ ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن ئۆيىنى ئاقارتىپ بەردى، يېڭى ئۆي جاھازىلىرىنى ئېلىشىغا ياردەم بەردى.

دۇڭگوۋ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى فېڭ يۇخۇي 2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شۇئىرغاننى ھازىرغىچە ئەستىن چىقارمايدۇ. ئۇ كۈنى سەھەردە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سەككىز كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈرۈش پارنىكىنىڭ يوپۇقى بوراندا ئېچىلىپ كەتتى، مايسا يېتىشتۈرگۈچى دېھقانلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ما چاۋبىن بىلەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشقا ئەزالىرى يېتىپ كېلىپ، دەرھال پارتىيە ئەزالىرى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنى جىددىي رېمونت قىلىشقا تەشكىللەپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈردى...

ما چاۋبىن تۇرغان كەنتتە، كەنت ئاھالىلىرىدىن ئۇنى «ئۇ كەنت ئاھالىلىرىگە كۆڭلى يېقىن ياخشى كادىر» دەپ ماختىمايدىغىنى يوق.

### ■ داۋاملىق كەنتتە تۇرۇپ ئىشلەش

بۇ جەرياندا، ما چاۋبىنمۇ نۇرغۇن تەسىراتقا ئىگە بولدى، ئۇ مۇنداق دېدى: پەقەت ھەقىقىي تۈردە كىبىرنى تاشلاپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدەك كۆرۈپ، كەنتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز زىممىسىدىكى ئىش دەپ بىلىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلىگەندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2018 ـ يىلى يىل بېشىدا، بەلگىلىمە بويىچە، 60 ياشقا كىرگەن ما چاۋبىن پېنسىيەگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، ئۆيىگە قايتىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولسا بولاتتى، لېكىن، ئۇ كەنتتە داۋاملىق تۇرۇشنى قارار قىلدى.

«ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ما چاۋبىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم جىمىسار ناھىيەسى بويىچە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى، ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭدىن: «بۇ يىل يەنە كەنتتە تۇرامسىز؟ جاپالىق ئەمەسمۇ، ھارمىدىڭىزمۇ، ئائىلىڭىزنى سېغىنمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ ھەمىشە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، ناھايىتى مەنىلىك، كەنتتىكى ھەر مىللەت ئامما مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرگە ئوخشايدۇ، بىز ناھايىتى ئىناق ئۆتىمىز، ھەم ناھايىتى خۇشال ئۆتىمىز».

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇمىغاندىلا، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. ما چاۋبىن مۇنداق دېدى: مەن پېشقەدەملىك رولۇمنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، پۇقرالار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، يېڭى يېزىنى ياخشى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆز كۈچۈمنى قوشىمەن.

# مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىلى، قىزىلسۇ، تۇرپانغا چۆكۈپ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ياخشى تۇتۇپ، نۇقتىلىق، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش، چوڭقۇر قېزىپ ئۈزۈل ـ كېسىل تەكشۈرۈش، مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش، مۇھاپىزەت كۈنلۈكىگە زەربە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچەش كېرەك. قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى تەشۋىقات پائالىيىتىنى كۆپ نۇقتىدىن، تولۇق قاپلىغان، ئىستېرېئولۇق ھالدا چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كۈچلۈك تەشۋىقات ھۇجۇمى ئارقىلىق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ ماسلاشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەر ئاسان كۆرۈلىدىغان، كۆپ كۆرۈلىدىغان جايلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تۈزەپ، نۇقتىلىق كەسىپ، ساھەلەرنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقىنى قەتئىي، تەلتۆكۈس يوقىتىش كېرەك؛ بىر تەرەپتىن نازارەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك.

ھەرقايسى جايلار بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي يۇكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىق، تەشەببۇسكار ھالدا قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش كۈرىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەركەز نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كىرىپ ئورۇنلىشىپ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى پۇرسەت بىلىپ، قانۇن بويىچە زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»نى چوڭقۇر قېزىپ، ئۈزۈل ـ كېسىل تەكشۈرۈپ، كەسپىي تارماقلارنى تۈزەش ۋە تۈزۈلمە مېخانىزم قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىددەتلىك ھۇجۇمنى بوشاشتۇرماي، قاتتىق زەربە بېرىپ تۈزەشتە يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىمىز.

# 112 تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرى يولغا قويۇلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مول، رەڭدار ساياھەت پائالىيەتلىرى شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. «مەن ئەسلىدە شىنجاڭنى ئىككى ئاي سەرپ قىلىپ ساياھەت قىلىشنى پىلانلىغانىدىم، ئەمدى قارىسام، ئىككى ئاي يەتمىگۈدەك، مەن شىنجاڭنى ئالتە ئايدا ئايلىنىپ چىقىشنى ئويلاشتىم» دېدى شېنجېندىن كەلگەن ساياھەتچى ۋاڭ ليەنۋېن شىنجاڭ شۆبە يىغىن نەق مەيداندا.

ئۇ بۇ يىللىق «ئۆي ئاپتوموبىلىدىكى شىنجاڭ» پائالىيىتى بويىچە تۇنجى بولۇپ شىنجاڭغا كەلگەن ئۆي ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭغا كەلگەندىن بۇيان، ئىلگىرى ـ كېيىن قۇمۇل، سانجى، ئۈرۈمچى، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلدى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى گۈزەل شىنجاڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋۇ خۇامىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكىدە «شىددەت بىلەن» ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 56.35% ئاشقان، ساياھەت كىرىمى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 58.12% ئاشقان.

بۇ يىلقى «جۇڭگو ساياھەت كۈنى» شىنجاڭ شۆبە يىغىن مەيدانى پائالىيىتىنى ئۆتكۈزىدىغان جاي بولغان خوتەننىڭ ساياھەت بايلىقى مول، تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، تارىخىي مەدەنىيىتى ئۇزاق، مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى قويۇق، ساياھەت تاۋارلىرى كۆپ، ساياھەت قىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك مەنزىلگاھنىڭ بىرى بولۇپ، ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ناھايىتى تېز. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە، خوتەن ۋىلايىتى كۈتۈۋالغان دۆلەت ئىچى ساياھەتچىسى 657 مىڭ 300 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 53.37% ئاشقان؛ ساياھەت كىرىمى 930 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 54.08% ئاشقان.

شۇ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت جەمئىيىتى، ساياھەت يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى، مېھمانخانا كەسپى جەمئىيىتى يەنە قارىمىقىدىكى شۆبە جەمئىيەتلەر ھەم قىسمەن ساياھەت كارخانىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، كەسپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، باش كاتىپ جاڭ شياۋيۈنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھەرقايسى جەمئىيەتلەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش، يۆلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەزا كارخانىلارنى ساياھەتكە مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نامرات نوپۇسلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە پائال ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەم پىلانلاش، لايىھەلەش مۇلازىمىتى، تېخنىكا مەدەتى، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش، تەشۋىقات، تىجارەت ـ سودا يوللىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ياردەم بېرىش، يۆلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىكەن.

# ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 19 مىليارد 490 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى، بارغانسېرى كۆپ ئوقۇتقۇچى ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايدىغان بولدى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار مەنبەسى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتىمۇ مۇقىم ئۆستى.» ئىگەرچى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى زۇمرەگۈل پەرھاتنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايون «ئاجىز مەكتەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش» (نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش) قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەكتەپ يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىناسى، ئاشخانا، تەنھەرىكەت مەيدانى قاتارلىقلارنى سالغان، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار سانى ئىككى يىل بۇرۇنقى 230دىن 348گە كۆپەيگەن.

«ھەر ھەپتىنىڭ 4 ـ كۈنى بىز ‹ئاتا ـ ئانىلارغا ئېچىۋېتىش كۈنى› پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئاتا ـ ئانىلارنى مەكتەپ ئاشخانىسىغا كېلىپ تاماق تەييارلاپ، غىزالىنىپ، بالىلار بىلەن بىرلىكتە مەكتەپنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلىشقا تەكلىپ قىلدۇق، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاكتىپلىقى ناھايىتى يۇقىرى!» دېدى زۇمرەگۈل.

ئىگەرچى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىلا كونا قىياپىتى يېڭىلىنىپ قالماي، بۈگۈنكى كۈندە تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا، يېزا مەكتەپلىرىدە قاتار ـ قاتار چىرايلىق ئوقۇتۇش بىنالىرى قەد كۆتۈردى، ئازادە، يورۇق سىنىپلاردىن كىتاب ئوقۇۋاتقان جاراڭلىق ئاۋازلار تارقالدى.

ئۇقۇشىمچە، ئاپتونوم رايونىمىز 2014 ـ يىلدىن باشلاپ «ئاجىز مەكتەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە جەمئىي ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 19 مىليارد 490 مىليون يۈەن، تەستىقلانغان مەكتەپ بىناسى قۇرۇلۇشى كۆلىمى 6 مىليون 927 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلىمى 6 مىليون 469 مىڭ كۋادرات مېتىر، تاماملانغان ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغى 1 مىليارد 820 مىليون يۈەن بولغان.

ئاپتونوم رايونىمىز «ئاجىز مەكتەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش»نى مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «ئاجىز مەكتەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش» مەبلىغىنى نۇقتىلىق ھالدا ئېغىر نامرات ناھىيەلەر، دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيەلەرگە مايىللاشتۇرۇپ، توپ تۇتاش ئالاھىدە نامرات رايون بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا مايىللاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا سېلىنىدىغان مەبلەغ 10 مىليارد 250 مىليون يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 53%نى ئىگىلەيدۇ. سېلىنىدىغان مەكتەپ بىناسى كۆلىمى 3 مىليون 864 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، «ئاجىز مەكتەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش» قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان بەش يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەكتەپ بىناسى كۆلىمى 7.34 كۋادرات مېتىردىن 8.97 كۋادرات مېتىرغا كۆپەيگەن؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قىممىتى 1116 يۈەندىن 1955 يۈەنگە كۆپەيگەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 69 ناھىيە (شەھەر، رايون) دۆلەتنىڭ ناھىيە تەۋەسىدە مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولغان ناھىيەلەرنى باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق دېدى: «ئاجىز مەكتەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش» قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلاپ، مائارىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى مۇقىم ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە تەۋەسىدىكى شەھەر، يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.